# ئىجتىمائىي ئالاقە مېدىيالىرىنى قانداق ئىشلىتىمىز

**ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرى (مەسىلەن Facebook، Tik Tok، Instagram) ئۇچۇر، رەسىم ۋە ۋىدېيولار ئارقىلىق ئائىلە ئەزالىرى ۋە دوستلار بىلەن ئالاقە قىلىشتىكى ياخشى قورال.**

لېكىن ئۇلارنىڭمۇ زىيانلىق مەزمۇنلارنى كۆرۈش، ناچار مۇئامىلىگە ئۇچراش ياكى نامۇۋاپىق ئۇچۇرلارنى تاپشۇرۇۋېلىش دېگەندەك خەتەرلىك تەرەپلىرىمۇ بار.

## ئۇچ سورايدىغان سوئال

كۆپىنچە سۇپىلارغا (پلەتفورم) تىزىملىتىش ئۈچۈن 13 ياشتىن يۇقىرى بولۇشىڭىز كېرەك. لېكىن باللارمۇ دۇچ كېلىدىغان خەتەرلەرگە تاقابىل تۇرالايدىغان بولۇشى كېرەك. بالىلىرىڭىزدىن تۆۋەندىكى ئۇچ سوئالنى سوراپ بېقىڭ:

- توردا زىيانلىق مەزمۇننى كۆرسىڭىز قانداق قىلىسىز؟
- توردىكى مەلۇم بىر ئۇچۇرنىڭ ياكى بىرىيلەننىڭ بىخەتەر ياكى ئەمەسلىكىنى قانداق بىلىسىز؟
- ئەگەر توردا سىزگە بىرەر يامان ئىش يۈز بەرسە كىمگە ئېيتىسىز؟

## بالىڭىزغا قانداق ياردەم قىلىسىز

eSafety تور بېكىتىدىكى The eSafety Guide بالىلىرىڭىزنىڭ ھېساباتىنى بىخەتەر قىلىشىڭىزغا ياردەم قىلىدۇ. بالىلىرىڭىز ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرىنى ئىشلەتكەندە ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىشىمۇ ياخشى چارە. چۈنكى بالىلار چوڭلارنىڭمۇ قىزىقىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى بىلسە، ئۇلاردىن ياردەم سوراشنى بەكرەك خالايدۇ.

## ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرىنى بىخەتەر ئىشلىتىش

بالىلارنىڭ ئۆز ھېساباتىنى قانداق ئىشلەتمەكچى بولغانلىقى ھەققىدە ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىڭ. ئۇلارنى:

- ئۆزگىگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا ۋە باشقىلارنى ھۆرمەتلەشكە رىغبەتلەندۈرۈڭ.
- بالىلىرىڭىزغا ئۇلارنى ئاسانلا تاپالايدىغان ئۇچۇرلارنى (مەسىلەن، مەكتەپ فورمىسى ياكى ئۆي ئادرېسى) توردا ئورتاقلاشماسلىقنى تاپىلاڭ.

- ئەپتىكى تەڭشەكتە بالىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرىنى قانچىلىك ۋاقىت ئىشلەتسە بولىدىغانلىقىنى بەلگىلەپ بېرىڭ
- بالىلار نىڭ eSafety ئارقىلىق بىخەتەر تور ئىشلىتىش ھەققىدىكى تەپسىلاتلارنى بۇ يەردىن كۆرۈڭ.

## ئىجتىمائىي ئالاقە توردىكى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش

ھەرقانداق بىر كىشى توردا بېسىمغا ئۇچرىماسلىقى، بوزەك قىلىنماسلىقى ياكى دەخلى-تەرۇزگە ئۇچرىماسلىقى كېرەك. eSafety بىخەتەرلىك كۆرسەتمىسى ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرىدىكى مەسىلىلەرنى قانداق مەلۇم قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ. ئەگەر سۇپا ياردەم قىلالمىسا eSafety بىلەن ئالاقىلىشىش ئارقىلىق توغرا ياردەم ئۇسۇلىنى ئىزدەڭ.



ئائىلىڭىزدىكىلەرنىڭ توردىكى بىخەتەرلىكى ھەققىدىكى تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرلارنى بىزنىڭ تور بېكىتىمىزدىكى eSafety Parents دىن كۆرۈڭ.